السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى نامازنى ئوغۇرلىغۇچىدۇر»، ئەبۇ ھۈرەيرە: نامىزنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ» دېدى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى نامازنى ئوغۇرلىغۇچىدۇر»، ئەبۇ ھۈرەيرە: نامىزنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ» دېدى.

[تېكىست توغرا] [ئىبنى ھىببان رىۋايىتى]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئوغۇرلىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، چۈنكى باشقىلارنىڭ مېلىنى ئوغۇرلىغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىدۇ، ئەمما نامىزىنى ئوغۇرلىغان كىشى بولسا، ئۆزىنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجىر-ساۋاپتىن بولغان ھەققىنى ئوغۇرلىغان بولىدۇ. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىنسان ئۆزىنىڭ نامىزىنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى مۇكەممەل تولۇق ئادا قىلمايدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئالدىراپ قىلىپ، مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلمايدۇ»دېدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65100

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee